## 131415 ـ ئەمەل ئىماننىڭ مۇكەممەل بولۇشىنىڭ شەرتى دېگەن كىشىنىڭ سۆزى توغرىسىدا

### سۇئال

بەزى كىشىلەر: ئىمان دېگەن: تىل بىلەن ئىقرار قىلىش، دىل بىلەن تەستىقلاش ۋە ئەزالىرى بىلەن ئەمەل قىلىش لېكىن ئەمەل قىلىش دېگەن ئىماننىڭ مۇكەممەل بولۇشىنىڭ شەرتى دەيدۇ، يەنە بەزىلەر: كۇپىر ئېتىقاد بىلەن بولىدۇ دەيدۇ، بۇ ئەھلى سۈننە ۋەل جامائەتنىڭ سۆزىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇنداق سۆزنى ئىماننى ۋە ئەقىدىنى چۈشەنمىگەن كىشىلەر دەيدۇ، ئۇلار ئالىملاردىن ۋە توغرا مەنبەلەردىن ئەقىدە توغرىسىدا بىلىم ئېلىشى كېرەك، شۇ ۋاقىتتا بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلەلەيدۇ.

ئۇ كىشىنىڭ: ئىمان دېگەن: تىل بىلەن ئىقرار قىلىش، دىل بىلەن تەستىقلاش ۋە ئەزالىرى بىلەن ئەمەل قىلىش لېكىن ئەمەل قىلىش دېگەن ئىماننىڭ مۇكەممەل بولۇشى ۋە توغرا بولۇشىنىڭ شەرتى دېگەن سۆزى بىر-بىرىگە زىتتۇر، قانداقمۇ ئەمەل ئىماندىن بولۇپ ئاندىن ئەمەل ئىماننىڭ مۇكەممەل بولۇشىنىڭ شەرتى بولىدۇ؟، ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، شەرت دېگەن شەرت قىلىنغان نەرسىنىڭ سىرتىدا بولىدۇ، بۇ بىر-بىرىگە زىتتۇر.

بۇ سۆزنى قىلغۇچى سەلەپ ئالىملىرى بىلەن كېيىنكى دەۋردىكى ئالىملارنىڭ سۆزىنىڭ ئارىسىنى جۇغلاشنى مەقسەت قىپتۇ، زىتلىقنى چۈشەنمەپتۇ، چۈنكى ئۇ كىشى سەلەپلەرنىڭ سۆزىنىمۇ بىلمەيدۇ ۋە كېيىنكى دەۋردىكى ئالىملارنىڭ سۆزىنىڭ ھەقىقىتىنىمۇ بىلمەيدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئىككى سۆزنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان، ئىمان دېگەن: تىل بىلەن ئىقرار قىلىش، دىل بىلەن تەستىقلاش ۋە ئەزالىرى بىلەن ئەمەل قىلىشتۇر، ئەمەل دېگەن ئىماندىن، ئۇ ئىماندۇر، ئەمەل ھەرگىزمۇ ئىماننىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىن ياكى ئىماننىڭ مۇكەممەل بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىن ئەمەس، ياكى ھازىر راۋاجلىنىۋاتقان بۇنىڭدىن باشقا نەرسىمۇ ئەمەس، ئىمان دېگەن: تىل بىلەن ئىقرار قىلىش، دىل بىلەن تەستىقلاش ۋە ئەزالىرى بىلەن ئەمەل قىلىش، تائەت-ئىبادەت بىلەن زىيادە بولىدۇ، گۇناھ-مەسىيەت بىلەن كېمىيىدۇ".

["ئىجابەتۇل مۇھىممە پى مەشاكىلىل مۇلىممە" 74-بەت].